# 162299 - سول قولى بىلەن ئۇلاغ بوغۇزلاشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سوئال

سول قولى بىلەن ئۇلاغ بوغۇزلاشنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

سول قولى بىلەن ئۇلاغ بوغۇزلىسا ھېچ گەپ بولمايد، يەنى توغرا بولىدۇ.

دائىمىي كومىتېت پەتىۋا بۆلۈمى ئالىملىرىدىن: " بىر كۈنى ۋەلىيمە قىلماقچى بولۇپ مېھمانلارغا تاماق تەييارلاش ئۈچۈن ئاشپەز ئۇستامنى چاقىردىم، قاراپ تۇرسام ئۇ كىشى بىسمىللاھ دەپ ئۇلاغنى سول قولى بىلەن بوغۇزلىدى، شەرىئەتتە بۇيرۇلغان تەكبىر بولسا: "بىسمىللاھ ۋاللاھۇ ئەكبەر" دېيىش ئىدى، مەن ئۇنىڭغا " مال بوغۇزلاش بۇنداق ئەمەس دەپ ۋاقىرىدىم، ئۇ كىشى ماڭا: مەن بۇ توغرىدا ئۇستازلاردىن پەتىۋا سورىغان، مۇشۇنداق شەكىلدە سول قولۇم بىلەن مال بوغۇزلاشنى توغرا بولىدۇ دېگەن دېدى، بۇنداق قىلىش توغرىمۇ؟ دەپ سورالغاندا ئۇلار جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "بۇنداق قىلسىمۇ بولىدۇ، ئەگەر ئىمكانىيەت بولسا ئوڭ قولى بىلەن بوغۇزلىسا ياخشى بولىدۇ". ["دائىمىي كومىتېت پەتىۋاسى" 22 -توم 474-475 -بەتلەر].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.